# 11969 - جۈمە نامىزى ئوقۇۋاتقاندا ھۇشىدىن كەتكەن كىشىنى قۇتقۇزۇش توغرىسىدا

## سوئال

جۈمە نامىزى ئوقۇۋاتقاندا، مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان بىر كىشى ھۇشىدىن كەتتى، مېنىڭ سوئالىم: بۇنداق ھالەتتە نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ باشقىلارغا خەۋەر قىلىپ، ياردەم سوراپ قۇتقۇزىمىزمۇ ياكى نامازنى ئادا قىلىپ بولغۇچە ساقلايمىزمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بۇ ھوشىدىن كەتكەن كىشىنىڭ ئەھۋالىغا كۆرە بولىدۇ، ئەگەر نامازنى ئادا قىلىپ بولغىچە كۈتكەندە، ئۇ كىشىنىڭ ھاياتىغا زىيان يېتىش خەۋپى بولسا، نامازنى بۇزۇپ ئۇ كىشىنى قۇتقۇزۇش كېرەك، ئەگەر نامازنى ئادا قىلىپ بولغىچە ھاياتىغا زىيان يەتمەيدىغان ئىش بولسا، نامازدىن كېيىن قۇتقازسا بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

پەتىۋا بەرگۈچى: پەزىلەتلىك شەيخ: ئابدۇللاھ غۇدەييان.